ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ئۈزلۈكسىز ياخشى تۇتۇش

—— ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر راخمانجان داۋۇتنى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

☐ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى جۈنشيا

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى، ئۇل قۇرۇلۇشى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى يولغا قويدى؟ قانداق نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى؟ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز قايسى جەھەتلەردىن كۈچەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ؟ يېقىندا، مۇخبىر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر راخمانجان داۋۇتنى زىيارەت قىلدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى

«بىز باشتىن ـ ئاخىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇردۇق ۋە كېڭەيتتۇق، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى.» راخمانجان داۋۇت مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىزدا كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇقىم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشلامچى قەدەمنى ياخشى ئېلىش، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىش، كىشىلەر قەلبىنى ئۇتۇش، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەشتىكى بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئالدىنقى نىشان قىلىپ، تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تېخىمۇ ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «يېڭى ۋەزىيەتتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹13 ـ بەش يىل›لىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىرىك پىلانى)نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق سىياسەت ـ ھۆججەتلەرنى چىقىرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك سىستېمىلاشقان، تۈزۈملەشكەن تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتتى. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا 2 مىليون 346 مىڭ 100 كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 14 مىليون 319 مىڭ 300 ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىغا قاراشلىق شۇ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى بىردەك 88%تىن يۇقىرى بولدى، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان 257 مىڭ 300 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈشتە ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈلدى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت كەسپى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ يىللىق ئۈچ ھەرىكەت يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 135 مىڭ كىشى، 226 مىڭ كىشى، 113 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىدى.

مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى. راخمانجان داۋۇت مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، باسقۇچلۇق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى بېكىتىش، مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا توغرىسىدىكى سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل يولغا قويۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەرتىپلىك يۆتكەپ سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، شەھەر ـ بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۈچەپ، ھەر تەرەپلىمە ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە ئۆمۈرلۈك ماھارەت يېتىلدۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش تۈزۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار قاتارلىق كىشىلەر توپىنى كۆپ خىل يول ۋە كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ھەممە ئادەمنى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئۆز تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ.

«ئاپتونوم رايونىمىز بازار، ھۆكۈمەت ئورتاق كۈچ چىقىرىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى كۈچلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ» دېدى راخمانجان داۋۇت.

تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

راخمانجان داۋۇت مۇنداق بىلدۈردى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى بىلەن ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىش ئورنى يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسىپلىرى ھەم تۈرلۈك يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى قوللاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ماھارەت ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، 5 مىليون 549 مىڭ 200 ئادەم قېتىمنى ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ماسلاشتۇرۇشنى دەل جايىدا جىپسىلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يۆنىلىش قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش ياكى ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، دەل جايىدا بولغان كەسپىي تەربىيەلەش بىلەن تەمىنلەشنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى، ئەمەلىي قوللىنىش تىپىدىكى، ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، تېخنىكا، ماھارەت ئىختىساسلىقلىرى كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ۋە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نۇقتىلىق خىزمەت ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى چۆرىدەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، پۈتۈن تەرتىپ بىر گەۋدىلەشكەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئۇچۇر سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تىرىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن، ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشقان، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشقان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەندىزىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشنى بارغانسېرى سۈپەتلىك قىلىمىز» دېدى راخمانجان داۋۇت.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، كۆكتوقاينىڭ مېتال قېزىلما بايلىقلىرى ئالتاي ئارقىلىق شىخەنزە، ئۈرۈمچى، قومۇل قاتارلىق جايلارغا توشۇلىدىغان بولدى، ئۈرۈمچى ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنى ئايلىنىپ مېڭىش ھاجەتسىز بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ تۆمۈريول ترانسپورت ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۈزۈل ـ كېسىل قويۇپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

ترانسپورت مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى كۆكتوقاي ۋوگزالىنىڭ يۈك مەيدانىغا قارىتا ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش ـ ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، بېكەت ـ نۇقتىلارنىڭ ترانسپورت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

«بىز مەشغۇلات ۋاقتىنى پائال قىسقارتىپ، مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۇق. ھازىر كۆكتوقاي ۋوگزالىدا كۈندە قاتنايدىغان پويىز ئۈچتىن تۆتكە كۆپەيدى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى يۈك ترانسپورت مەركىزى شەرقىي جۇڭغار تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى چاڭ كۈن.

«ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىپ، كۆكتوقاي ـ ئالتاي ـ بېيتۈن ـ كۈيتۈن ـ قومۇل مەھسۇلات ترانسپورتى يېڭى يولى بەرپا قىلىنىپ، ئۈرۈمچى ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدىكى بوغما ھالەت بۇزۇپ تاشلىنىپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشنى قولايلىق يول بىلەن تەمىنلىدى» دېدى شىنجاڭ مىڭخې مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى سېتىش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جوۋ يەنخې.

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلۈپ، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى، كۈيتۈن ـ بېيتۈن تۆمۈريولى، ئۈرۈمچى ـ جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنى ھاسىل قىلىپ، ئۈرۈمچى، كۈيتۈن، قاراماي، بېيتۈن، ئالتاي، كۆكتوقاي، شەرقىي جۇڭغار قاتارلىق جايلارنى تۇتاشتۇرۇپ، «□» خېتى شەكىللىك تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنى شەكىللەندۈردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«پېشقەدەم بەنجاڭ بىزنىڭ چارلاش يولىمىزدىكى ‹تىرىك خەرىتە› ئىدى، ئۇ بولسىلا ئۆتكىلى بولمايدىغان جىلغا، ئاشقىلى بولمايدىغان داۋان يوق» دېدى ئابدۇجانى لۇنجەك.

2002 ـ يىلى ئابدۇجانى لۇنجەك ھەربىي سەپكە كىرگەندى. ئۇ لاچىن بايەكەنى بىرىنچى قېتىم «بەنجاڭ» دەپ چاقىرغاندا، ئىككىيلەن ئارىسىدىكى رىشتىنىڭ قىسمىدىن قارلىق تاغنىڭ ئېگىزلىكىدىكى تاغ ئېغىزى، جىلغىلارغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئابدۇجانى لۇنجەك تېخى «يېڭى ئەسكەر» بولغاچقا، ھەر قېتىم ئۇسكۇنە مەشقىدە بەدەن ئىقتىدارى يەتمەيتتى.

«كۆڭلۈم بەك يېرىم بولاتتى، بەدەن ئىقتىدارىم ياخشى بولمىسا، چېگرانى چارلىغاندا چوقۇم بەرداشلىق بەرگىلى بولمايتتى.» ئىلگىرىكى كۈنلەرنى ئەسلىگەندە، ئابدۇجانى لۇنجەكنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى، «لېكىن پېشقەدەم بەنجاڭ ئەزەلدىن مېنى ئەيىبلەپ باقمىدى. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ مېنى مەشىق مەيدانىغا مەخسۇس چاقىرىپ، ئۇسكۇنە مەشقىدىكى ماھارەت ۋە مۇھىم نۇقتىلار بويىچە ئايرىم يېتەكچىلىك قىلدى. كېيىن ھەر كۈنى تاكى مەن قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغۇچە شۇنداق قىلدى».

2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لاچىن بايەكە ھەربىي سەپتىن چېكىندى. شۇ ئايدا، ئابدۇجانى لۇنجەك تۇنجى قېتىم پېشقەدەم بەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان چېگرا چارلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئېگىز تاغلار ۋە ساناپ تۈگەتكۈسىز جىرا ـ جىلغىلار ئالدىدا ئابدۇجانى لۇنجەك كۆڭلىدە ئارسالدى بولدى. تۇيۇقسىز يېقىنلا يەردە چىرايى قىزدىرىپ كەتكەن بىر ئەرنىڭ قوتاز يېتىلەپ كۈلۈمسىرىگىنىچە تاغدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. «پېشقەدەم بەنجاڭ!» ئابدۇجانى لۇنجەك ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى!

ئۇ چاغدا لاچىن بايەكەنىڭ ئۆيى يەنىلا تاغدا ئىدى. ئەمما ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر چارلاشقا چىقسىلا، ئۇ چوقۇم ئون نەچچە كىلومېتىر تاغ يولىنى بېسىپ، ئالدىنئالا تاغ باغرىغا كېلىپ كۈتۈۋالاتتى.

«كېيىن، بىز تەدرىجىي ھالدا يول لىنىيەسىنى پىششىق بىلىۋالدۇق، لېكىن پېشقەدەم بەنجاڭ ھەر قېتىم ناھايىتى قەتئىيلىك بىلەن يەنىلا بىزگە يول باشلايتتى. ‹تاغدا ئېنىقسىز ئامىللار كۆپ، سىلەرگە يول باشلاش مېنىڭ ۋەزىپەم ـ مەسئۇلىيىتىم.›» ئابدۇجانى لۇنجەك پېشقەدەم بەنجاڭنىڭ بۇ سۆزىنى ھازىرغىچە ئەستە ساقلاپ كەلدى، «بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممەمگە ئېلىپ، داۋاملىق ۋەتەن ئۈچۈن چېگرانى ياخشى قوغدايمەن».

«باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق، بەخت دەپ بىلىدىغان ئادەم»

لاچىن بايەكەنىڭ ئىش ئۈستىلىدە يەنىلا ئازراقمۇ چاڭ ـ توزان كۆرۈنمەيتتى، كۆرۈپ بولالمىغان كىتاب، يېزىپ بولالمىغان خاتىرە دەپتەرلەر ئۈستەلنىڭ ئوڭ بۇرجىكىگە رەتلىك تىزىلغانىدى. «بىز ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۈستىلىنى سۈرتۈپ تۇرىمىز، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، داۋاملىق بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە خىزمەت قىلىپ، كەنتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز» دېدى تىزناپ يېزىسى تىزناپ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زەرفىباي بارات مەيۈسلەنگەن ھالدا.

2020 ـ يىلى لاچىن بايەكە كەنت كادىرى بولدى، زىممىسىدىكى يۈك يەنە ئېغىرلاشتى. ئۇنىڭ خىزمەت ئۈستىلىنىڭ يېنىدىكى كىتاب ئىشكاپىغا چېگرا قوغدىغۇچىلىرىغا ئائىت دەستە ـ دەستە قېلىن ماتېرىياللار رەتلىك تىزىلغانىدى. «لاچىن بايەكە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقتى.» زەرفىباي بارات مۇنداق دېدى: «ئۈنۈمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى، كەنتنىڭ چېگرا قوغدىغۇچىلار قوشۇنىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى».

ھەر ئايدا لاچىن بايەكە يېرىم ئاي تاغدا چارلايدىغان، يېرىم ئاي كەنتتە ئىشلەيدىغان بولۇپ، دەم ئېلىش ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى.

«ئۆيىمىزنى نەچچە يىل بولدى بېزەپ بولالمىدۇق. ئۇ دائىم: ‹كۆپچىلىكنىڭ ئىشى چوڭ ئىش، ئائىلىمىزنىڭ ئىشى كىچىك ئىش، كەنتتىكى ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن بېزەسەكمۇ كېچىكمەيمىز› دەيتتى». لاچىن بايەكەنىڭ خوتۇنى ئامىنە غالىبشاھ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، بۇ دەل لاچىن بايەكە».

2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، لاچىن بايەكە ھەر كۈنى نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە سېلسىيە گرادۇسلۇق قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ كەنت ئاھالىلىرىگە ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بەردى. كۈنبويى قاتراپ پۈتۈن بەدىنى توڭلاپ كېتەتتى.

«سۇ قايناۋاتقان مەشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىنى سۇنۇپ ئىسسىنىۋالغۇسى كېلىپ كېتەتتى، لېكىن ئاغزىدا يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ: ‹ھېچ گەپ يوق، ھېچ گەپ يوق› دەيتتى». زەرفىباي بارات مۇنداق دېدى: «ئۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق، بەخت دەپ بىلىدىغان ئادەم».

ناسىرجان تاشكەنت لاچىن بايەكە بىلەن بىر كەنتتىن ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلى جىددىي قوزغىلىپ قالدى. «بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى تاغلىق رايوندىكى كىگىز ئۆيدە تۇراتتۇق، كەنت بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز 20 كىلومېتىرغا يېقىن ئىدى، مەن ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتىم، بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنىم لاچىنغا تېلېفون قىلىش بولدى. سەھەر سائەت 2دىن ئاشقاندا، ئۇ قەيەردىندۇر بىر ئاپتوموبىل تېپىپ تاغقا ھەيدەپ چىقىپ، ئانامنى ۋاقتىدا ناھىيەدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى».

ناسىرجان تاشكەنت مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەلبىمدە تولۇق ئىشەنچ بار».

«تاجىك بۈركۈتى بولۇش شەرەپلىك»

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە، چېگرا چارلاش ۋەزىپىسى باشلىنىشتىن بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، ئېگىزلىك ئاسمىنىدا تېخىچە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. چېگرا قوغدىغۇچى مەفتۇل كەنجە يۈك ـ تاقلىرىنى رەتلەپ، ئۆيدىن چىقىپ، ناھايىتى تېزلا تاڭ ئالدىدىكى تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى.

«ھەدە، يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىڭىز قانداقراق، بۇ سىزگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر.» يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، مەفتۇل كەنجە بىر ئائىلىگە كېلىپ، ئىشىكنى چېكىپ ئەھۋال سورىدى.

يېشى تەخمىنەن 70لەردىن ئاشقان بىر ياشانغان ئانا چىقىپ كەلدى. «ياخشى، ياخشى...» موماي ئېغىزىنى ئۆمەللىتىپ دېمەكچى بولغان گېپىنى دېيەلمىدى.

ئايرىلىدىغان چاغدا، مەفتۇل كەنجە ئۆي ئىچىدىن بوش يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

«ئىنىم، ۋاقتىڭىز بولسا مەن دائىم بارىدىغان ھېلىقى ئائىلىگە بېرىپ مېنىڭ ئورنۇمدا يوقلاپ قويۇڭ. ئۇ ئۆيدە بىر ياشانغان ئانا يالغۇز تۇرىدۇ، مەن قەشقەر داشۆسىدە تەربىيەلىنىۋاتىمەن، قايتالمايمەن، سىز چوقۇم ئۇنىڭغا ياخشى قاراڭ.» 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەفتۇل كەنجە لاچىن بايەكەدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالدى.

«مەن بۇنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۆزلىشىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم.» مەفتۇل كەنجە بىلەن لاچىن بايەكە كىچىكىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان، يەنە بىرلىكتە چېگرا قوغدىغۇچىسى بولغان بولۇپ، مېھىر ـ مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى، «بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى، مەن چوقۇم ئۇنىڭ ئورنىدا بۇ مومايىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن».

سائەت 10دا، مەفتۇل كەنجە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىغا دەل ۋاقتىدا كېلىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ۋەزىپە ئىجرا قىلدى.

ئۆزىگە تونۇش بولغان لاچىن بايەكە ئەمدى يوق ئىدى، سېغىنىش ھېسسىياتى ھەربىرەيلەننىڭ قەلبىنى چىرمىۋالدى.

«ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ناخشا ئېيتايلى.» چېگرا قوغدىغۇچى ئەنۇرگۈل تىلۇ سۈكۈتنى بۇزدى.

«ۋەتەننىڭ ياخشى ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن بولۇش شەرەپلىك، تاجىك بۈركۈتى بولۇش شەرەپلىك...» ئاستا ـ ئاستا ھەممەيلەن ئەگىشىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، بۇ، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» فىلىمدىكى قىستۇرما ناخشا بولۇپ، تاغلار ئارىسىدا ياڭرىدى.

كۆكتە بىردىنلا ياڭراق بۈركۈت ئاۋازى ئاڭلاندى، خۇددى كىشىلەرنىڭ ناخشىسىغا جور بولغاندەك: قەھرىمان لاچىن بايەكە يىراققا كەتمىدى، ئۇنىڭدىكى روھ بۈركۈتكە ئايلىنىپ، بىر ئۆمۈر سۆيگەن يۇرت ـ ماكانىنى داۋاملىق قوغدايدۇ.